# خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى «سۇلى شەھىرى»نىڭ ھەقىقىي قىياپىتى قايتا نامايان قىلىندى

## —— ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسىنىڭ تارىخىي سىرىنى ئېچىپ بەردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ خەيفېڭ

5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 2019 - يىللىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئون چوڭ ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسى تىزىملىككە كىرگۈزۈلۈپ، ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ، نۆۋەتتە شىنجاڭدا بايقالغان تۇنجى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ھەربىي بازار خارابىسى بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى ئىلگىرى شۇ جايدا نام - شۆھرەت قازانغان خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى شەھىرىنىڭ كونا ئورنى دەپ بېكىتتى، بۇ خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلغانلىقى ۋە باشقۇرغانلىقىنىڭ تارىخىي پاكىتى.

2014 - يىلىدىن 2019 - يىلىغىچە، ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى سىجىل قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دۇنياغا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر خارابىلىكنىڭ تارىخىي سىرىنى ئاچتى.

### شۇ جايدا نام - شۆھرەت قازانغان ھەربىي بازار خارابىسى

باش ياز مەزگىلىدىكى گۇچۇڭ ناھىيەسى جامبۇلاق مەنزىرە رايونىدا، كۆز يەتكۈسىز ياپيېشىل بۇغدايلىق زۇمرەت دولقۇندەك دولقۇنلىنىپ تۇراتتى، بەنجىگۇ بازىرى ماگۇلياڭ كەنتى دەل مۇشۇ يەردە بولۇپ، بۇ يەر دەل شىچېڭزى خارابىسى ئىدى.

«سىجىل قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىز خارابىلىكنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى ۋە فۇنكسىيەلىك رايونلارغا ئايرىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق» دېدى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى تيەن شياۋخۇڭ مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا. ئۇ شىچېڭزى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تۈرى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى.

بوشلۇقتىن تارتىلغان خەرىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تىك تۆت تەرەپلىك خارابە تاغ شەكلى، سۇ يۆنىلىشى بويىچە تىك يار ئۈستىگە قۇرۇلغان، شىمالىي تەرىپى ئېگىز، جەنۇبىي تەرىپى پەس بولۇپ، ئەڭ چوڭ تۆۋەنلەش پەرقى 200 مېتىر كېلىدۇ. غەرب تەرىپى، شىمال تەرىپى سېپىل، شەرق تەرىپى، جەنۇب تەرىپى چوڭقۇر جىلغىغا يېقىن بولۇپ، جىلغىنىڭ ئاستىدا ماگۇخې دەرياسى بار بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا شەھەرنىڭ شەرقىنى بويلاپ ئۆتىدۇ، شەھەر سىرتىدا سېپىل خەندىكى بار؛ خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكى ۋە شەرقىي شىمال بۇرجىكىدە بىردىن بۇرجەكلىك راۋاق بار، بىردىنبىر شەھەر دەرۋازىسى غەربىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن خارابىلىكنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 110 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە غەربىي شىمال سېپىلغا يۆلەپ، يەنە بىر 20 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئىچكى شەھەر سېلىنغان.

شىمالىي سېپىلدىكى چوقچىيىپ چىققان ئىككى گۈندا سۈپىسى شىچېڭزى خارابىسىنىڭ مۇداپىئە تۈسىنى گەۋدىلەندۈرگەن، شەھەر ئىچىدىن قېزىپ چىقىلغان زور مىقداردىكى قورال - ياراغ، ساۋۇتلاردىكى تۆمۈر پارچىلىرىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتكەن. شەھەردىن قېزىپ چىقىلغان بۇيۇملاردا بىردەك روشەن بولغان خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەر ھۆججەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلاپ، ئۇنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق سەركەردە گېڭ گۇڭ ساقلىغان سۇلى شەھىرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

«شىچېڭزى خارابىسى تيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى تاغ ئالدى ئېدىرلىق بەلبېغىغا جايلاشقان، يەر تۈزۈلۈشى تىك كېسىپ چۈشكەن يارلىق بولۇپ، قوغدىنىش ئاسان، ھۇجۇم قىلىش تەس، ئۇ تياناشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدىكى ئالاقىنى كونترول قىلىدىغان - ساقلايدىغان مۇھىم ئۆتكەل. مىلادىيە 75 - يىلى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى داڭلىق سەركەردە گېڭ گۇڭ ‹سۇلى شەھىرى يېنىدا مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەيدىغان جىلغا بار› دەپ، جىمىنچېڭ شەھىرى(ھازىرقى جىمسار)دىن سۇلى شەھىرىگە چېكىنىپ تۇرۇپ قوغدىغان. بۇ تارىخىي ھۆججەتلەردىكى خاتىرىلەر شىچېڭزى خارابىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ، قېزىپ چىقىلغان يادىكارلىقلاردىمۇ روشەن بولغان خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار بولۇپ، گېڭ گۇڭنىڭ غەربىي يۇرتتا پائالىيەت قىلغان ۋاقتى بىلەن ماس كېلىدۇ، بىز بۇنىڭدىن شىچېڭزى خارابىسىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى شەھىرىنىڭ كونا ئورنى دەپ ھۆكۈم قىلدۇق» دېدى تيەن شياۋخۇڭ.

### ئۈچرىتىش قىيىن بولغان «خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى خوگو»

نۇرغۇنلىغان مۇتەخەسسىسلەر شىچېڭزى خارابىسىنى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەدىمكى شەھەر، دەپ بېكىتتى، مۇشۇ يەردىن قېزىپ چىقىلغان زور مىقداردىكى قىممەتلىك يادىكارلىقلار بۇنىڭغا ئاساسلىق دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ.

خارابىلىكتىن نۇرغۇن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە خىش، خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە كاھىشلار قېزىپ چىقىلغان بولۇپ، كاھىشلاردىكى بۇلۇتسىمان نەقىشلەردە كۈچلۈك دەۋر ئالاھىدىلىكى بار. «بۇ خىل بۇلۇتسىمان نەقىشلىك كاھىشلار ئىككى خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئەڭ مودا بولغان. ياساش ھۈنەر - سەنئىتىدىن قارىغاندا، روشەن بولغان شەرقىي خەن سۇلالىسى دەسلەپكى يىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ بار. بۇنىڭدىن باشقا، بىز قەبرىستانلىق رايونىدىن يەنە نۇرغۇن خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش جۇلىق تەڭگە پۇلنى يىغىۋالدۇق. يەنە تېپىك خەن سۇلالىسى دەۋرى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە نۇرغۇنلىغان ساپال كومزەك، قارا چىراغ، كوزا قاتارلىق بۇيۇملارنى قېزىپ چىقتۇق» دېدى شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋۇ يۇڭ تونۇشتۇرۇپ. بۇ ھۆكۈم كاربون 14 ئارقىلىق يىل ھېسابلاش سانلىق مەلۇماتىنىڭ دەلىللىشىگە ئېرىشكەن.

شىچېڭزى خارابىسىدىن يەنە بىر ئىنتايىن ئالاھىدە ساپال بۇيۇم قېزىپ چىقىلدى. «داسقا ئوخشايدىغان، ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق شەكىللىك كانايى بار بولۇپ، ‹يەرلىك خوگو›نىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ روشەنكى ئۆز ۋاقتىدىكى غەربىي يۇرتنىڭ بۇيۇمى ئەمەس، شىنجاڭ رايونىنىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش ئاشخانا سايمانلىرى قېزىپ چىقىلمىغان. كۆپچىلىك: «بۇنى بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان نۆكەر - لەشكەرلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئېلىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلدى. ۋۇ يۇڭ زور قىزىقىش بىلەن: «داسنىڭ تېگىدە يەنە قالدۇق نەرسە بار ئىكەن» دەپ تەسۋىرلىدى.

«شىچېڭزى خارابىسىدىن قېزىپ چىقىلغان زور مىقداردىكى خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تېپىك بۇيۇملار شىنجاڭ رايونىدىكى ئارخېئولوگىيە مەدەنىيىتىنى دەۋرگە بۆلۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە» دېدى تيەن شياۋخۇڭ.

بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش پائالىيىتىگە ئىلگىرى - كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئون نەچچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇن قاتناشقان بولۇپ، كۆپ تۈرلۈك يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلىق ۋاسىتىنى قوللىنىپ، تۇپراق، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، يىراقتىن سېزىش، ئاۋىياتسىيەلىك ئۆلچەش قاتارلىق كۆپ پەن بويىچە بىرلەشمە تەتقىقاتنى ماس قەدەمدە قانات يايدۇردى. بىر قاتار تەتقىقات نەتىجىلىرى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سۇلى شەھىرىنىڭ كۆپ كەسىپلەر تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش مەنزىرىسىنى ئىخچام تەسۋىرلەپ بەردى: ئەينى چاغدىكى گۇچۇڭ ھازىرقىدىن ئىللىق، نەم ئىكەن. ئەينى چاغدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى ئاق ئارپا ۋە بۇغداي تېرىلغان، كالا، قوي ئاساس قىلىنغان چارۋىچىلىق قوشۇمچە قىلىنغان، يەنە ئاز مىقداردا سودا پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

«پۈتۈن شىنجاڭدا بىرنەچچە جايدىكى خارابىلىك قېزىلغان بولۇپ، ئىككى خەن سۇلالىسى مەزگىلىدىكى شەھەر خارابىسى، دەپ بېكىتىشكە بولىدىغىنى مۇشۇ بىر جاي. شىچېڭزى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش شىنجاڭ رايونىدىكى ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەر ئورنىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى» دېدى تيەن شياۋخۇڭ.

پۇختا بولغان دالا ئارخېئولوگىيە خىزمىتى، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نەتىجىلەر گۇچۇڭ شىچېڭزى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش تۈرىنى «2016 —— 2017 - يىللىق دالا ئارخېئولوگىيە مۇكاپاتى» بويىچە شەرەپ بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتۈردى. بۇ، جۇڭگو ئارخېئولوگىيە جەمئىيىتى باھالايدىغان جۇڭگونىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى دالا ئارخېئولوگىيە ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتى ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ھازىرغىچە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى ئېرىشكەن دالىدا قېزىش جەھەتتىكى ئەڭ يۇقىرى مۇكاپات.

### خەن سۇلالىسىنىڭ باشقۇرغانلىقىنىڭ تارىخىي پاكىتى

شىچېڭزى خارابىسى ھازىرغىچە شىنجاڭ رايونىدا بايقالغان بىردىنبىر يىل دەۋرى توغرا، ئىشەنچلىك بولغان، شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل، ساقلىنىش ھالىتى بىجىرىم، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان خەن سۇلالىسى دەۋرى قەدىمكى خارابىسى ھېسابلىنىدۇ. 2013 - يىلى ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورنىغا ئايلاندى.

خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپ، شىنجاڭ رايونى رەسمىي ھالدا جۇڭگو تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى، غەربىي خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى غەربىي يۇرتنى باشقۇرىدىغان ھەربىي - مەمۇرىي ئاپپارات قىلىپ تەسىس قىلغان. شىچېڭزى خارابىسى خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلغانلىقىنىڭ ۋە باشقۇرغانلىقىنىڭ تارىخىي پاكىتى.

سۇلى شەھىرىنىڭ نامىنىڭ ئۆچمەس تارىختا ئاپىلىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، داڭلىق سەركەردە گېڭ گۇڭنىڭ ئىلگىرى بۇ يەردە ئۆچمەس تۆھپە قوشقانلىقىدا. ئۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى سەركەردە - لەشكەرلەرنى باشلاپ قان كېچىپ جاپالىق جەڭ قىلىپ، ئۆزىنىڭ 100 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدىغان ھونلار قوشۇنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولۇپ، «سۇ ۋۇنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن» سادىقلىقى ۋە جەسۇرلۇقى كېيىنكىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ، سۇلى شەھىرى ئۆچمەس بىر بۆلەك قەھرىمانلىق ھېكايىسى قالدۇرغان.

شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەلىك تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لى ۋېنيىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا، شەھەر ئارخېئولوگىيەسى شىنجاڭ دالا ئارخېئولوگىيەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان شەھەر ئورنىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزاق بولغان، تەكرار ئىشلىتىلگەچكە، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ناھايىتى ئېغىر بولغان، ھالبۇكى شىچېڭزى بولسا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى نوقۇل شەھەر ئورنى بولۇپ، يىل دەۋرى توغرا، ئىشەنچلىك، شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇكەممەل، ساقلىنىش ھالىتى بىجىرىم، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى روشەن بولۇپ، بۇ، بىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئىككى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشكە نىسبەتەن مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىلھاملاندۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە».

شىچېڭزى خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى شىنجاڭنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلاپلا جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكى، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالماشتۇرۇلغانلىقى، يۇغۇرۇلغانلىقى، زىچ ماسلاشقانلىقىدەك تارىخىي پاكىتلارنى شەرھلەشكە نىسبەتەن مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

لى ۋېنيىڭ مۇنداق دېدى: «شىچېڭزى خارابىسى جامبۇلاق مەنزىرە رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق ساياھەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ساياھەت ئارقىلىق مەدەنىيەتنى نامايان قىلىشتا تەبىئىي ئەۋزەللىككە ئىگە. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ خارابىلىكنى قوغداشنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، بىر خارابىلىك باغچىسى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، بۇنداق بولغاندا سۇلى شەھىرىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي مەدەنىيەت ئاساسىنى ساقلىغىلى، ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ھەر مىللەت ئاممىغا بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شەھەر ئورنى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ».



شىچېڭزى خارابىسىنىڭ غەربىي شىمال بۇرجەكلىك راۋىقى ھەم سېپىلى (ماتېرىيال سۈرەت)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (سۈرەتنى جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى گېزىتخانىسى تەمىنلىگەن)

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى قايتۇرۇلىدۇ؛ ئىككىنچى، قايتۇرۇش نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى، خادىم قىسقارتمىغان ياكى خادىمنى ئاز قىسقارتقان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارغا قارىتا قايتۇرۇش ئۆلچىمى ئىلگىرىكى 50%تىن كارخانا ۋە ئۇنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئالدىنقى يىلى تاپشۇرغان ئىشسىزلىق سۇغۇرتا ھەققىنىڭ 100%ىگە ئۆستۈرۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست قويۇۋېتىشنى بارلىق كارخانىلارغىچە كېڭەيتتى. ئاپتونوم رايونىمىز يەنە بېكىتىش ئۆلچىمىنى مۇۋاپىق كەڭ قويۇۋېتىش ئارقىلىق، قىيىنچىلىقى بار كارخانىلارنىڭ ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى قايتۇرۇش بويىچە مەنپەئەتلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، نۆۋەتتە بۇ تۈردىكى خىزمەتلەر ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى.

«بىز بۇ ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىنى كونا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە تەربىيەلەش ۋە يېڭى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىش ئورنىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى تەربىيەلەش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇردۇق» دېدى رەن يۈشىن. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 4 - ئاينىڭ 21 - كۈنىگە قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 72 مىڭ كارخانىغا 430 مىليون يۈەن ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىدىن ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسى قايتۇرۇپ بېرىپ، 1 مىليون 463 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 71 مىڭ ئوتتۇرا، كىچىك، ئۇششاق كارخانىغا 320 مىليون يۈەن قايتۇرۇپ بېرىلگەن، 1 مىليون 213 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىگە نەپ يەتكۈزۈلگەن.

سىياسەت پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىلتىماس قىلىش ھالقىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قايتۇرۇش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان كارخانىلارنى تولۇق تەكشۈرۈپ، تېلېفون بېرىش، ئۇچۇر يوللاش، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كارخانىلارغا «بىرگە بىر» ئۇقتۇرۇش قىلىپ، «كارخانىلار ياردەم تولۇقلىمىسى ئىزدەش»نى «ياردەم تولۇقلىمىسى كارخانىلارنى ئىزدەش»كە ئۆزگەرتىپ، قايتۇرۇش ئومۇمىي مۇساپىسىدە قاتراتماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. «بىز بۇ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسىنىڭ كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يەن كېمىڭ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بىر خىل كەسىپ ھالىتى بولۇپ، ھەرقايسى جايلار سىناپ بېقىۋاتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدە بىۋاستە كۆرسىتىپ مال سېتىشى بازار تاپالمىغان يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ چىقىرىشقا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى بىر خىل ئۈلگە كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇش بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى بىۋاستە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېز ئىلگىرىلەش كۇنۇپكىسىنى باستى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، تېخىمۇ كۆپ ئادەم توردا زاكاز قىلىپ مال سېتىۋېلىشنى تاللىدى، بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش يېڭى كۈچ سۈپىتىدە بىردىنلا بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدا كادىرلار باشلامچى بولۇپلا قالماي، نۇرغۇن دېھقان ۋە ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئېكرانغا چىقىپ، تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ، بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قىزغىنلىقىنى سىجىل ئاشۇردى.

شىنجاڭ غەربىي يۇرت چۈەنچى تور پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى يوپۇغا ناھىيەسى، ئاقچى ناھىيەسى قاتارلىق جايلاردا ئاممىۋى ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە كۆرسىتىش ئۆيى تەسىس قىلدى ھەم «ئېلېكترونلۇق سودىنى چۈشىنىدىغان، بىۋاستە كۆرسىتىشنى بىلىدىغان» تەربىيەلەش ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەرقايسى جايلارغا چوڭقۇر چۆكۈشكە تەشكىللەپ، ئېلېكترونلۇق سودىدا بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئەڭ يېڭى بولغان ئېلېكترونلۇق سودىدا بىۋاستە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش شەكلى، بىۋاستە كۆرسىتىش ماھارىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى دېھقانلار ۋە ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىۋاستە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ ئىستېمالنى جانلاندۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، بىۋاستە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودىسىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش سالمىقىنى زورايتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتتى؛ تور چولپىنى بىۋاستە كۆرسىتىش قاتارلىق ئېلېكترونلۇق سودا يېڭى كەسىپ ھالىتى ئارقىلىق، «كىچىك ھەم مۇكەممەل» بولغان رايون تور يېڭى سۈپەتلىك ماركىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تور ئىستېمالىنى كېڭەيتتى؛ «بىر، ئون، يۈز، مىڭ» قۇرۇلۇشى(بىر بىۋاستە كۆرسىتىش بازىسىنى بەرپا قىلىش، ئون نۇقتىلىق بىۋاستە كۆرسىتىش سۇبيېكتىنى يۆلەش، 100 نۇقتىلىق تاۋارنى مەركەزلىك تەشۋىق قىلىش، 1000 بىۋاستە كۆرسەتكۈچىنىڭ ئاكتىپ شەخسنى يېتىشتۈرۈش)غا تۈرتكە بولدى؛ بىۋاستە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودا ئالماشتۇرۇشى، مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاستە كۆرسىتىش ئېلېكترونلۇق سودىسىنىڭ ئومۇمىي كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل كىشى مۇنداق بىلدۈردى: بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ جەمئىيەت ئالاقىسى ئېلېكترونلۇق سودىسى، تور سودىسى بىلەن بولغان ھەمكارلىقىغا زور كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنى سېتىشنى تېزلىتىش پائالىيەتلىرىنى ئورتاق قانات يايدۇرۇپ، مەھسۇلاتلارنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، جەمئىيەت ئىستېمال ئېھتىياجىنى جانلاندۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق سودىنىڭ توردا سېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرىدۇ.